

# ئېتىز غەزەللىرى

مۇھەممەتجان راشىدىن

بولسا پۇرسەت - پەيت، ئېتىزغا كۆندە بارغان تۈەھپىدۇر،
ياكى كەتمەن چاپقىنىڭ، يا نەزمە يازغان تۆھپىدۇر.

بىر ئىگىلمەك بىر بەدەل ھەر مايسا تەقدىرى ئۈچۈن،
بىر ئۇرغاق سوقماق ئۈچۈن سەندەلدە بازغان تۆھپىدۇر.

بىر توغان سالساڭمۇ تۆھپە، قىر چېپىپ ئاچقان سۈيۈك،
چاڭقىغان تۇپراق ئارا قەندەك تارالغان تۆھپىدۇر.

سەت ئەمەسمۇ سۆيمىسەڭ كەتمەننى، ئاق نان يەپ تۇرۇپ،
بۇ سەۋەب ئەلۋەتتە ھەم ھەركىم ئويالغان تۆھپىدۇر.

نۇر چاچار «دېھقان» دېگەن بىر سۆزدە قەيسەرلىك ئوتى،
تاجنى تەييادىن ئەمەس، مۇشكۇلدىن ئالغان تۆھپىدۇر.

ھەر ئەقىلدە بىر پىكىر، ھىممەتنى ئەمما ئويلىسام،
بۇ جاھاندا يەر تېرىپ دېھقان يارالغان تۆھپىدۇر.

مەڭگۈ دېھقان بولسىمۇ، ھەر تومۇزدا تەڭ كۆيەر،
مەيلى تۆت كۈن بولسىمۇ دېھقان سانالغان تۆھپىدۇر.

* *

ئويغۇتار كاككۇك يىراقتىن ھەر سەھەر ئۈنلەپ مېنى،
دەيدۇ: چىقماسەن ئېتىزغا، - قىچقىرىپ - ئۈندەپ مېنى.

پىشقىچە بۇغداي تۇتۇپ دان، تاقىتى بولغاچقا تاق،
بۇندا قىستايدۇ قەلەم يازماققا كۈن - تۈنلەپ مېنى.

تەلمۈرەر قوغۇن پىلەك يايغان باراقسان تاختىلار،
كەچكىچە سالقىن باراڭلاردىن تېخى كۈنلەپ مېنى.

قۇشلىرى ئالدىمغا چىقتى، چاچقىنى ئۈستۈمگە قۇت،
كەپتۇ دېھقان شائىرى، دەپ قەلبىدىن كۈيلەپ مېنى.

* *

ياز دېگەن رەسسام گويا سىزغان گۈزەللىك سۈرىتى،
تەبىئەت ئۈنسىز يەنە ئېيتقان غەزەللىك سۈرىتى.

يازغا تەبىر كۆپ ئەزەلدىن ئەمما دوستۇم، ياز دېگەن،
باش باھاردا دېھقىنىم بەرگەن بەدەللىك سۈرىتى.

چاپمىساڭ كەتمەن ئەگەردە قايدا ئۆستەڭ، قايدا سۇ،
ياز دېگەن ماڭدامدا بىر قىلغان ئەمەللىك سۈرىتى.

شىرنا يىغقان گۈل - چېچەكلەر شۇندىدۇر بال ھەرىسى،
يازنى سىزساڭ چىققۇسى خۇددى سەنەمنىڭ سۈرىتى.

بارچە قۇشجان تويدا گويا، بارچە مەخلۇق سەيلىدە،
يازنى قىلغايسەن قىياس شادىيانە ئەلنىڭ سۈرىتى.

ئۈزگا ئۈزلۈق قوشمىسا بولغايمۇ يازنىڭ ھىممىتى،
ياز دېگەن يىللار ئۈزى باسقان قەدەمنىڭ سۈرىتى.

* *

يازدا كەلسەڭ بۇ دالا گۈلزارنى تەقدىم ئەيلىشۇر،
ياپيېشىل ھەر بىر گىياھ بىر يارنى تەقدىم ئەيلىشۇر.

مىڭلىغان باتۇرلىرى شائىرلىقىڭغا يار - يۆلەك،
يازغىلى دېھقان دېگەن سەردارنى تەقدىم ئەيلىشۇر.

چۈشسە مەيلىڭ، قىزلىرى بولغاي ئۆمۈرلۈك مەشۇقۇڭ،
كۆزلىرى «خوپ، مەيلى» دەپ ئىزھارنى تەقدىم ئەيلىشۇر.

نان مەشەدىن ئاپىرىدە، جان مەشەدە يايرىغاي،
ئىچكىلى چاي، چالغىلى دۇتارنى تەقدىم ئەيلىشۇر.

## يۇلتۇز

ئابلىز ئوسمان

نىگاھىمغا نىگاھ تەيلەپ سامادا خۇش كۈلەر يۇلتۇز،

بولۇپ ھەمدەم ئاڭا ھەردەم بىدار - ئويغاق يۈرەر يۇلتۇز.

## مۆجىزە - داستان

ئادىل موشۇرغا بېغىشلايمەن

ئوسمانجان ساۋۇت

شۆھرەتلەر بۇرجىدا، شۆھرەتسىز چېنىپ،
كۆڭۈلنىڭ سەتھىنى چاڭلار باسقاندا.
ئالەمدەك مۆجىزە ئالەمدەك يېنىپ،
بىر تالاي بۆكلىرىم قالدى ئاسماندا.

تاغۇ تاش تەۋرىدى كەلدى لەرزىگە،
ۋە بەلكىم تەۋرىدى ئۆز ئوقىدا يەر.
كۆڭۈللەر چۆمۈلدى غۇرۇر پەيزىگە،
يىگىتنىڭ تۇيغۇسى شېرىن نەقەدەر.

زېمىننىڭ كۆزلىرى ياندى چاراسلاپ،
ئۆلچىنەر ئۇنىڭدا ھەر بېسلغان ئىز.
پىلسىرات سۇرلىرى سۇندى قاراسلاپ،
بىرىمىز نۇر بولساق پارلاق ھەممىمىز.

«ئالدىدا مەن بولاي، كەينىمدە سەن بول،
مەن كوكلۇن بولمەن، سەن بولغىن ئادىل.»
ئالتۇننىڭ قوللىرى ھەجەپ ۋەھشىي قول،
كېكىردەك سىقماقتا ئاشكارا، دادىل.

«ياق ئۇنداق بولمايدۇ، جۆيلۈمە ھەرگىز،
تىكەنلىك نىيەتلەر بولمىسۇن ئادا.»
ئۈمىدنىڭ كۆزلىرى شەھلا ۋە نەرگىز،
ئەجدادلار روھلىرى ياڭراتتى سادا.

قەھرىگە كېلىدۇ ھەر قەيسەر يىگىت،
بەل باغلاپ سەپەرگە ئاتلانغان چاغدا.
مۇشكۇل ۋە ھەسرەتلەر چېكىنشلەر چېكىپ،
قالدۇ سالپىيىپ مەڭگۈگە داغدا.

بولدۇ شۇ چاغدا ئۇنىڭ كۆزىگە،
ئۆپۈقتا پىلىنچاپ بىر دەستۇر ئايان:
قۇلاق سال تەڭرىنىڭ تەگرى سۆزىگە،
قىلماقتا ئەركىنى ئۇ بىزگە بايان:

ئالغا باس، كەينىڭگە قارىما زىنھار،
ياراتتىم قانداق بوپ يارالساڭ يارال.
مىدىرلا! تىرىكلىك قىلىنسۇن ئىزھار،
قان بولۇپ، جان بولۇپ زېمىنگە تارال.

يۇلتۇزنى قۇچاقلاپ ئوينايدۇ سەبىي،
ئەقلىمنىڭ گۈللىرى تۇزغىتار ئىپار.
كەۋسەردەك شۇ ھېسلار ئۆز ھېسىم كەبى،
يۈرەكنىڭ ئىچىدە يۈرەكنى سىپار.

ئۆلۈكلەر تىرىلمەس، يوقالماس دۇنيا،
مۆجىزە يوق ئىرۇر بۇنىڭدىن باشقا.
مۆجىزە يارالدى غايىپتەك گويا،
ساقلاشقا ئۆتكۈزدۈم ئانا قوياشقا.

## سەن ئىلھام بۇلىقى

ئەنۋەر ئابلەت

كىندىك قېنىم تۆكۈلگەن يۇرتۇم،
سەن قەلبىمدە نۇرلۇق بىر سىما.
مۇھەببىتىڭ، ئىززەت - ھۆرمىتىڭ،
مەۋج ئۇرار ئىسسىق قېنىمدا.

ھەر قەدىمىم، ھەر بىر تىنىقىم،
قۇچىقىڭدا ئەركىن شۇ قەدەر.
ئانام كەبى ئەجرىڭ قەلبىمگە،
بەخش ئېتەر گۈزەل بىر سەھەر.

قۇشلىرىڭدىن ئۆگەندىم ناخشا،
سۇلىرىڭدىن سۆيگۈ ھەم ۋاپا.
ئورمانلىرىڭ بەرسە گۈزەللىك،
قىلدى تۇپراق ماڭا كۈچ ئاتا.

سەن ئانامغا،ماڭا ھەم ئانا،
كىندىك قېنىم تۆكۈلگەن تۇپراق.
مەۋجۇدلۇقۇم سەندە نامايان،
شائىرىڭمەن، ئاتىغىن شۇنداق.

شائىرىڭمەن كۈيلىرىم چەكسىز،
سەن خورىماس ئىلھام بۇلىقىم.
ھىممىتىڭدە مەڭگۈ مەنىلىك،
ھەر قەدىمىم، ھەر بىر تىنىقىم.

ئانا يۇرتۇم،

قەلبىمدىكى بۈيۈك ناخشام سەن،
ئېيتىپ - ئېيتىپ مەڭگۈگە قانماس.
يۈرىكىم قۇش سەن جۈپ قانىتى،
پاك ئىشقىڭسىز پەرۋازىم بولماس.

تومۇرۇمدۇر ئۆستەڭ، ئېرىقىڭ،
يۇمشاق يولۇڭ ئۆمۈر مەنزىلىم.
سۇلىرىڭنىڭ شىلدىرلاشلىرى،
ھاياجاندا ئېيتقان دىل سىرىم.



## ياشاش يولى

شاۋكەت ئىبراھىم

ئەقىل بىلەن ياشاپ ئۆتكەندە،
بويسۇندۇرار ئالەمنى ئادەم.
بۇنىڭ ئۈچۈن شىجائەت كېرەك،
ئەڭ زۆرۈرى پۈكۈلمەس قەدەم.

مېڭىش كېرەك ئويلاپ يوللارنى،
گاھ ئۇچرار ھاڭ بەزىدە كاتاڭ.
دانالىقنى ئەقىل يارىتار،
غۇرۇر بىلەن ياشىغىن ھەر تاڭ.

ئەقىل - غۇرۇر چىرىغى بىلسەڭ،
كۆڭۈل ئۆندىن يورۇپ تۇرىدۇ.
گەر يورۇسا كۆڭۈل قۇياشتەك،
كەڭ كائىنات قۇچاق ئاچىدۇ.

## غەزەپ




ئابلىز ئوسمان

نىگاھىمغا نىگاھ ئېلىپ سامادا خۇش كۈلەر يۇلتۇز،
نۇرىغا نۇر قوشۇپ ھەردەم قاراقىمنى سۆيەر يۇلتۇز.

كېچە - تۈن دىلبىرى دىلنىڭ، جانانى، سىردىشى ھەمدە،
بېغىشلاپ روھ بىلەن جاننى ئېگىمدا جىلۋىگەر يۇلتۇز.

ئۇزەر مىسكىن تولۇن ئايىم نە ئايكى روھىي ۋىجدانىم،
بولۇپ ھەمدەم ئاڭا ھەردەم بىدار - ئويغاق يۈرەر يۇلتۇز.

ۋۇجۇدۇم چەشمەيۇ دەريا تۇتاشتۇر يولى ساماغا،
چۆمۈپ روھىي زىيارىمغا تومۇرۇمدا ئۈزەر يۇلتۇز.

دېمەڭكى ساقسا كۆكتىن بېشارەت بەختى قاچقاندىن،
پېقىرنى ياد ئېتىپ ئىزدەپ يۈرەكىمگە چۈشەر يۇلتۇز.

## ئوغلۇمغا

باھارگۈل ساۋۇت

جان ئوغلۇم ھاياتقا بىزەك سەن ئۆزۈڭ،
سەن بىلەن مۇقەددەس ئانىلىق نامىم.
سەن باغرىم، سەن بارىم، سەن ئۈمىد نۇرۇم،
راھەتتۇر سەن ئۈچۈن تارتقان جاپايىم.

ئېسىمدە، تۇنجى رەت كۈلكەڭنى كۆرۈپ،
سىماپتەك ئېرىگەن ۋۇجۇدۇم شۇ چاغ.
سەن بولغاچ بار مېنىڭ شادلىقىم، بەختىم،
سەيلى ئەت سەن ئۈچۈن ياسىدىم گۈلباغ.

ئانىلىق بۇرچىنى يۈكلىدى ھايات،
پەخرىمسەن، ئىزىمسەن، نىشانىممۇ سەن.
ئاقلاشچۇن شۇ يۈكسەك مەجبۇرىيەتنى،
مېھنەتتە چۆل كېزىپ داۋان ئاشىمەن.

خەلقىمنىڭ قىزىمەن، سەن ئۇنىڭ ئوغلى،
ھاياتنىڭ زەنجىرى باغلانغان شۇنداق.
مۇبادا ئەجرىمنى قايتۇرماق بولساڭ،
ئېلىمنىڭ ئىشقىدا يانغىن ھەممە ۋاق.

نۇر ئەمگىن قۇياشتىن كىرسىز ياشىغىن،
نۇر بىلەن ئۇلۇغدۇر بىلگىن بۇ جاھان.
نۇر ساڭا كۈچ بەرسۇن ھەمدە جاسارەت،
تەر تۆككىن، ئەجىر قىل تىنماي ھەر قاچان.

## بىلىم ئالساڭ

ئۆمەر ئىسمائىل

قەلبلەرگە ئەقىل نۇرى چاچالايسەن بىلىم ئالساڭ،
جاھاننىڭ سىرلىرىنى ھەم ئاچالايسەن بىلىم ئالساڭ.

بىلىم گويا پولات شۇڭقار نېسىپ بولسا ئاڭا مىنمەك،
زەپەر ئاسمىنىدا پەرۋاز قىلالايسەن بىلىم ئالساڭ.

ئۆرۈپ قەھرىڭ بىلەن خەنجەر ساڭا روھى كىشەن بولغان،
نادانلىق زەنجىرىن چەيلەپ چاقالايسەن بىلىم ئالساڭ.

بويۇڭدەك ئاقچا - ئالتۇنمۇ توگەيدۇ خەجلىسەڭ ئاخىر،
ھېسابسىز خەزىنە - بايلىق تاپالايسەن بىلىم ئالساڭ.

نەھاجەتتۇر ئۆكۈنمەكلىك «ئەجەپ پەگادا قالدىم» دەپ،
ئەقىللىقلەر ئارا تەڭداش تۇرالايسەن بىلىم ئالساڭ.

چىقىپ كەتسەڭمۇ يۇرت ئاتلاپ يىراقسەن خارۇ زارلىقتىن،
ھالال رىسقىڭنى ھەر كىمدىن ئالالايسەن بىلىم ئالساڭ.

دانالار ھۆكمى بەرھەق، بىلىملىكلەر يېڭەر مىڭنى،
رەقىبلەر ھەيۋىسىن يەرگە ئۇرالايسەن بىلىم ئالساڭ.

بېغىشلاپ بار ۋۇجۇدۇڭنى بۈيۈك غايە بىناسىغا،
ئەبەدلىك تەۋرىمەس ئۇلتاش قويالايسەن بىلىم ئالساڭ.

بىلىم ئىزدە ئېرىنمەستىن جاھاننىڭ نەرىدە بولسا،
كېزىپ چۆل ئابى كەۋسەرگە قانالايسەن بىلىم ئالساڭ،

## جاپانىڭ كەينىدە راھەت

ئابدۇرېھىم زۇنۇن

ھالاۋەت ئىزدىسەڭ ھەردەم جاپا دەشتىنى قويماي كەز،
بېلىنى سۇندۇرۇپ توسقۇن تېغىنى ئالقىنىڭدا ئەز.

ئاياۋسىز ئاقسا قان - تەرىڭ ئالار سەن دۇر - گۆھەر تاشتىن،
بۇ يولدا كەتمىسۇن ھەرگىز ئىرادە، غەيرىتىڭگە دەز!

ئەجرىنىڭ تېگى زەر - ئالتۇن، جاپانىڭ كەينىدە راھەت،
ھالاللاپ يە نېسىۋەڭنى زەئىپ، ياللاۋلىقىڭدىن بەز!

پەقەتلا ئېتىبارى يوق بۇگۈن «ئاقنانچى»، كاززاپىنىڭ،
ئىزىڭدىن ئۈنسە گۈل، قونغاي بېشىڭنى ئۇ قىلىپ پەغەز...

سائادەت دىلبىرى ئاچقاي ساڭا ئىللىق قۇچاق ئاخىر،
ۋىسال قۇچماق ئۈچۈن چەككەن جاپا - مۇشكۈلنى راھەت سەز!

## پارچىلار

تاشتوختى ئىمىر

مۇقەددەس ئانامسەن، جانجان ئېلىم،
سېنىڭدىن نۇر ئېلىپ يورۇدى دىلىم.
ئىپتىخار، غۇرۇرۇم، پەخرىم سەن ئۆزۈڭ،
مۇشكۈللەر ئالدىدا پۈكۈلمەس بىلىم.

• •

ئۇستازلىق - شەرىپىم، دوسكا - مۇنبىرىم،
ئېلىم - پەن باغچىسى مەڭگۇ دىلبىرىم.
بارىمنى بېرىمەن بۇغۇنلىرىمغا،
مەڭگۇ تەر ئاققۇزۇش بۇرچۇم، شەرىپىم.

• •

ئەمگەكتىن كېلىدۇ غەلىبە، شان - شەرەپ،
ئۇ بىلەن ئاشىدۇ قەدرىڭ ھەسسىلەپ.
مېھنەتتىن قېچىپ سەن خامخىيال قىلما،
تامانىڭ چۆلدە يۈرمە تەمتىرەپ.

• •

ئادەمنىڭ كۆركى ۋە زىبىنتى - ئەخلاق،
ئەخلاقلىق ماختىلىپ تۇرىدۇ ھەرۋاق.
بىلىم يا ئەخلاقتا بولمىساڭ سېنى
ئالدۇ ئەل - يۇرتۇڭ قويىنغا قانداق؟

## غەزەپ


ئابلەت ئابدۇللا

يېرىلىپ كېتىدۇ چاك - چاك،
ۋە نەپرەتلىنىپ سۆزلەيدۇ مۇنداق:
تۇر ئۈستۈمدىن،
ئەقلىنى يوقاتقان
«ھەي نادان - ئاخماق!...»
نالە قىلار تىترەپ،
پاكلىقىمنى بۇلغىمىغىن دەپ.
سەن دەسسىگەن تۇپراق...
يۇرتۇڭنىڭ گۈزەل ئاسمىنى،
ئاي ۋە يۇلتۇزلار،
كۈندۈزنىڭ نۇرلىرى،
سالقىن ۋە سايە،
سەن ئوينىغان دەريا بويلىرى،
چىمەن - گىياھلار،
يېڭى تۇغۇلغان ئوماق بوۋاق،
ئاپئاق ساقاللىرى تىترەپ تۇرغان بوۋايلار،
تۆكلىرى يۇمران چىرايلىق ئاسلان،
ئۈۋۈسىدىكى ئۇچار - قاناتلار،
نەپرەتلىنەر سەندىن.
غەزەپلىنىپ قايناپدۇ شائىر:
سەن قانداق ئىنسان!؟...
قايتمىدىڭ،
قايتالمىدىڭ بولدۇڭ سەن ۋەيران،
ئاتا - ئاناڭ تويدى سەندىن ئادىمى ھايۋان.
يۈرەككە زەرداپ بولۇپ قۇيۇلماقتا قان،
قۇيۇلماقتا كۆز يېشىم،
ھەي قېرىندىشىم، قېرىندىشىم...

## ھالاكەت يولى

مۇكاپاتلىق ئەسەر

ئاڭلا سۆزۈمنى ساڭا نە كېرەك،
سەن تۇغۇلغاندىن بۇيان،
نەسىھەت قىلدى ئەل ۋە ئاتا - ئاناڭ،
نەسىھەت قىلدى كۆپ بىلىملىك زاتلار.
ساڭا بىر ئۆزۈڭ كېرەك،
بىر لەززەت كېرەك.
كېرەك ئەمەس ئاتا ۋە ئاناڭ،
كېرەك ئەمەس قۇۋمى قېرىنداش،
ئائىلە - بالاڭ...
سەن توغرا يولدا ماڭمىدىڭ،
ساۋاق ئالمىدىڭ.
سەندەك نادانلار بەرىسمۇ كۆپ جان...
سەن نەدە ئۆزۈڭ،
ھەي قېرىندىشىم، قېرىندىشىم...
ئەجەب گۈزەل دۇنيانى تاشلاپ كېتەر بولدۇڭ.
ئۆستەڭ بويى - تالنىڭ ئاستىدا،
نىمجان، كەيىپ ئولتۇرغىنىڭدا،
نەپرەتلىنىپ ساۋايدۇ يۈرۈڭگە،
سەن ئات قىلىپ ئوينىغان تال چىۋىقلىرى.
نەرە تارتىپ،
ھۆكۈرەيدۇ غەزەپتە،
سەن ئويناپ ئۈزگەن ئۆستەڭ سۇلىرى.
سەن ئولتۇرغان كۆك تاش.



بىزنىڭ شەھەر

قازات ئەخمەت فوتوسى

جۇڭگو يېزا ئىگىلىك بانكىسى

# شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق شۆبىسىنىڭ ۋىلايەتلىك، ئوبلاستلىق (شەھەرلىك) مەركىزىي تارماق بانكىلار ۋە ئۇلار تەۋەلىكىدىكى تىجارەت ئورۇنلىرى، ئىش بېجىرىش ئورۇنلىرىنىڭ ئىسمىنى ئۆزگەرتىش توغرىسىدىكى ئېلانى

1997 - يىل 1 - نومۇرلۇق

يېزا ئىگىلىك بانكىسىنىڭ سودا بانكىسىغا ئۆتۈشى ۋە كەسپىي تەرەققىيات ئېهتىياجىغا ئۇيغۇنلىشىشى ئۈچۈن، شۆبە بانكا مۇزاكىرە قىلىش ھەم جۇڭگو يېزا ئىگىلىك باش بانكىسى، جۇڭگو خەلق بانكىسىنىڭ شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق شۆبىسىگە يوللاپ تەستىقلىتىش ئارقىلىق ۋىلايەتلىك، ئوبلاست (شەھەر) لىك مەركىزىي تارماق بانكىلارنىڭ ئىسمىنى ۋىلايەتلىك، ئوبلاست (شەھەر) لىك شۆبە بانكىغا، ۋىلايەتلىك، ئوبلاست (شەھەر) لىك مەركىزىي تارماق بانكىلارغا قاراشلىق تىجارەت ئورۇنلىرى، ئىش بېجىرىش ئورۇنلىرىنىڭ ئىسمىنى تەڭلا ۋىلايەتلىك، ئوبلاست (شەھەر) لىك شۆبە بانكىلىرىنىڭ تىجارەت ئورنى، ئىش بېجىرىش ئورنىغا ئۆزگەرتتۇق

ئالاھىدە ئېلان قىلدۇق

بۇ ئورۇنلار تۆۋەندىكىچە:

| ئەسلى ئىسمى | ئۆزگەرتىلگەندىن كېيىنكى ئىسمى |
| --- | --- |
| جۇڭگو يېزا ئىگىلىك بانكىسىنىڭ سانجى خۇيزۇ ئاپتونوم ئوبلاستلىق مەركىزىي تارماق بانكىسى | جۇڭگو يېزا ئىگىلىك بانكىسىنىڭ سانجى خۇيزۇ ئاپتونوم ئوبلاستلىق شۆبىسى |
| جۇڭگو يېزا ئىگىلىك بانكىسىنىڭ تارباغاتاي ۋىلايەتلىك مەركىزىي تارماق بانكىسى | جۇڭگو يېزا ئىگىلىك بانكىسىنىڭ تارباغاتاي ۋىلايەتلىك شۆبىسى |
| جۇڭگو يېزا ئىگىلىك بانكىسىنىڭ ئالتاي ۋىلايەتلىك مەركىزىي تارماق بانكىسى | جۇڭگو يېزا ئىگىلىك بانكىسىنىڭ ئالتاي ۋىلايەتلىك شۆبىسى |
| جۇڭگو يېزا ئىگىلىك بانكىسىنىڭ بورتالا موڭغۇل ئاپتونوم ئوبلاستلىق مەركىزىي تارماق بانكىسى | جۇڭگو يېزا ئىگىلىك بانكىسىنىڭ بورتالا موڭغۇل ئاپتونوم ئوبلاستلىق شۆبىسى |
| جۇڭگو يېزا ئىگىلىك بانكىسىنىڭ قاراماي شەھەرلىك تارمىقى | جۇڭگو يېزا ئىگىلىك بانكىسىنىڭ قاراماي نېفىت شۆبىسى |
| جۇڭگو يېزا ئىگىلىك بانكىسىنىڭ تۇرپان ۋىلايەتلىك مەركىزىي تارماق بانكىسى | جۇڭگو يېزا ئىگىلىك بانكىسىنىڭ تۇرپان ۋىلايەتلىك شۆبىسى |
| جۇڭگو يېزا ئىگىلىك بانكىسىنىڭ قۇمۇل ۋىلايەتلىك مەركىزىي تارماق بانكىسى | جۇڭگو يېزا ئىگىلىك بانكىسىنىڭ قۇمۇل ۋىلايەتلىك شۆبىسى |
| جۇڭگو يېزا ئىگىلىك بانكىسىنىڭ بايىنغولىن موڭغۇل ئاپتونوم ئوبلاستلىق مەركىزىي تارماق بانكىسى | جۇڭگو يېزا ئىگىلىك بانكىسىنىڭ بايىنغولىن موڭغۇل ئاپتونوم ئوبلاستلىق شۆبىسى |
| جۇڭگو يېزا ئىگىلىك بانكىسىنىڭ ئاقسۇ ۋىلايەتلىك مەركىزىي تارماق بانكىسى | جۇڭگو يېزا ئىگىلىك بانكىسىنىڭ ئاقسۇ ۋىلايەتلىك شۆبىسى |
| جۇڭگو يېزا ئىگىلىك بانكىسىنىڭ قەشقەر ۋىلايەتلىك مەركىزىي تارماق بانكىسى | جۇڭگو يېزا ئىگىلىك بانكىسىنىڭ قەشقەر ۋىلايەتلىك شۆبىسى |
| جۇڭگو يېزا ئىگىلىك بانكىسىنىڭ قىزىلسۇ قىرغىز ئاپتونوم ئوبلاستلىق مەركىزىي تارماق بانكىسى | جۇڭگو يېزا ئىگىلىك بانكىسىنىڭ قىزىلسۇ قىرغىز ئاپتونوم ئوبلاستلىق شۆبىسى |
| جۇڭگو يېزا ئىگىلىك بانكىسىنىڭ خوتەن ۋىلايەتلىك مەركىزىي تارماق بانكىسى | جۇڭگو يېزا ئىگىلىك بانكىسىنىڭ خوتەن ۋىلايەتلىك شۆبىسى |

| ئەسلى ئىسمى | ئۆزگەرتىلگەندىن كېيىنكى ئىسمى |
| --- | --- |
| جۇڭگو يېزا ئىگىلىك بانكىسى سانجى خۇيزۇ ئاپتونوم ئوبلاستلىق مەركىزىي تارماق بانكىسىنىڭ تىجارەت ئورنى | جۇڭگو يېزا ئىگىلىك بانكىسى سانجى خۇيزۇ ئاپتونوم ئوبلاستلىق شۆبىسىنىڭ تىجارەت ئورنى |
| جۇڭگو يېزا ئىگىلىك بانكىسى تارباغاتاي ۋىلايەتلىك مەركىزىي تارماق بانكىسىنىڭ تىجارەت ئورنى | جۇڭگو يېزا ئىگىلىك بانكىسى تارباغاتاي ۋىلايەتلىك شۆبىسىنىڭ تىجارەت ئورنى |
| جۇڭگو يېزا ئىگىلىك بانكىسى ئالتاي ۋىلايەتلىك مەركىزىي تارماق بانكىسىنىڭ تىجارەت ئورنى | جۇڭگو يېزا ئىگىلىك بانكىسى ئالتاي ۋىلايەتلىك شۆبىسىنىڭ تىجارەت ئورنى |
| جۇڭگو يېزا ئىگىلىك بانكىسى بورتالا موڭغۇل ئاپتونوم ئوبلاستلىق مەركىزىي تارماق بانكىسىنىڭ تىجارەت ئورنى | جۇڭگو يېزا ئىگىلىك بانكىسى بورتالا موڭغۇل ئاپتونوم ئوبلاستلىق شۆبىسىنىڭ تىجارەت ئورنى |
| جۇڭگو يېزا ئىگىلىك بانكىسى قاراماي شەھەرلىك تارماق بانكىسىنىڭ مايتاغ ئىش بېجىرىش ئورنى | جۇڭگو يېزا ئىگىلىك بانكىسى قاراماي نېفىت شۆبىسىنىڭ مايتاغ ئىش بېجىرىش ئورنى |
| جۇڭگو يېزا ئىگىلىك بانكىسى قاراماي شەھەرلىك تارمىقىنىڭ جەرەنبۇلاق ئىش بېجىرىش ئورنى | جۇڭگو يېزا ئىگىلىك بانكىسى قاراماي نېفىت شۆبە بانكىسىنىڭ جەرەنبۇلاق ئىش بېجىرىش ئورنى |
| جۇڭگو يېزا ئىگىلىك بانكىسى تۇرپان ۋىلايەتلىك مەركىزىي تارماق بانكىسىنىڭ تىجارەت ئورنى | جۇڭگو يېزا ئىگىلىك بانكىسى تۇرپان ۋىلايەتلىك شۆبىسىنىڭ تىجارەت ئورنى |
| جۇڭگو يېزا ئىگىلىك بانكىسى قۇمۇل ۋىلايەتلىك مەركىزىي تارماق بانكىسىنىڭ تىجارەت ئورنى | جۇڭگو يېزا ئىگىلىك بانكىسى قۇمۇل ۋىلايەتلىك شۆبىسىنىڭ تىجارەت ئورنى |
| جۇڭگو يېزا ئىگىلىك بانكىسى قۇمۇل ۋىلايەتلىك مەركىزىي تارماق بانكىسىنىڭ سەنداۋلىق ئىش بېجىرىش ئورنى | جۇڭگو يېزا ئىگىلىك بانكىسى قۇمۇل ۋىلايەتلىك شۆبىسىنىڭ سەنداۋلىق ئىش بېجىرىش ئورنى |
| جۇڭگو يېزا ئىگىلىك بانكىسى بايىنغولىن موڭغۇل ئاپتونوم ئوبلاستلىق مەركىزىي تارماق بانكىسىنىڭ تىجارەت ئورنى | جۇڭگو يېزا ئىگىلىك بانكىسى بايىنغولىن موڭغۇل ئاپتونوم ئوبلاستلىق شۆبىسىنىڭ تىجارەت ئورنى |
| جۇڭگو يېزا ئىگىلىك بانكىسى قەشقەر ۋىلايەتلىك مەركىزىي تارماق بانكىسىنىڭ تىجارەت ئورنى | جۇڭگو يېزا ئىگىلىك بانكىسى قەشقەر ۋىلايەتلىك شۆبىسىنىڭ تىجارەت ئورنى |
| جۇڭگو يېزا ئىگىلىك بانكىسى قىزىلسۇ قىرغىز ئاپتونوم ئوبلاستلىق مەركىزىي تارماق بانكىسىنىڭ تىجارەت ئورنى | جۇڭگو يېزا ئىگىلىك بانكىسى قىزىلسۇ قىرغىز ئاپتونوم ئوبلاستلىق شۆبىسىنىڭ تىجارەت ئورنى |

**ئالاھىدە ئۇقتۇرۇش قىلىندى**

**جۇڭگو يېزا ئىگىلىك بانكىسىنىڭ شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق شۆبىسى**


**1997 - يىل 7 - ئاينىڭ 28 - كۈنى**

# كۆك ئاسماندا كارامەت كۆرسىتىش

شىنجاڭدا تۇرۇشلۇق مەلۇم قۇرۇقلۇق قىسىم ئاۋىئاتسىيە تۇەنى پارتكومى مەركىزىي ھەربىي ئىشلار كومىتېتىنىڭ رەئىسى جياڭ زېمىن ئوتتۇرىغا قويغان «سىياسىي جەھەتتە لاياقەتلىك بولۇش، ھەربىي ماھارەتنى پىششىق ئىگىلەش، ئىستىلدا ياخشى بولۇش، ئىنتىزامغا قاتتىق رىئايە قىلىش، كاپالەتنى كۈچلۈك بولۇش» ئومۇمىي تەلىپى بويىچە ئۆزگىچە ئىزدىنىش جاسارىتى ۋە يۈكسەك ئاڭ سەۋىيىسى بىلەن كۈچەپ ئىلگىرىلەپ، قىيىنچىلىقنى يېڭىپ بۇ يېڭى قىسمىنىڭ تەرەققىياتى ۋە پەرۋاز قىلىشى ئۈچۈن جاپالىق ئەجىر سىڭدۇرۇپ، ئۈن - تىنسىز تۆھپە قوشۇپ كەلمەكتە.

بىر نەچچە يىلدىن بۇيان، ئۇلار دۇنيانىڭ ئۆگزىسىدە، ھالاكەت دېڭىزىدا، ھاياتلىق چەكلەنگەن رايوندا ئۇچۇشنى جاپالىق مەشىق قىلىپ، مۇرەككەپ رايون ۋە ھاۋا كىلىماتى شارائىتىدا جەڭ قىلىش ۋە تۈرلۈك ۋەزىپىلەرنى ئورۇنداش ئىقتىدارىنى يېتىلدۈردى. بۇ تۇەن قۇرۇلغان بەش يىلدىن بۇيان جەڭ مانېۋىرى، چېگرا مۇداپىئە چارلاش ئىشلىرى، جىددىي ھاۋا ترانسپورتى، خېيىمخەتەردىن، ئاپەتتىن قۇتقۇزۇش قاتارلىق جىددىي، قىيىن، خەتەرلىك، ئېغىر ۋەزىپىلەرنى مۇۋەپپەقىيەتلىك ئورۇنداپ، ھازىرقى زامان ئۇرۇش مەيدانلىرىدىكى جانلىق، ھەرىكەتچان، تېز ھۇجۇمغا ئۆتەلەيدىغان «كۆك ئاسمان چەۋەندازلىرى» بولۇپ قالدى.

گېزىتىمىز 24 - ئىيۇلنىڭ 1 - بېتىنىڭ كۆرۈنەرلىك جايىغا «ئۇلۇغۋار مۇساپىدىكى قىران بۈركۈتلەر» دېگەن تەپسىلىي خەۋەرنى بېرىپ، بۇ تۇەن قۇرۇلغان بەش يىلدىن بۇيانقى ئاجايىپ نەتىجىلەرنى ئەكس ئەتتۈرگەنىدى. بۈگۈن يەنە بۇ قىسىمنى مۇشتەرىلەرگە مەخسۇس سۈرەت بىلەن ئالاھىدە تونۇشتۇردۇق.



↑ جەڭ بۈركۈتىنى كۆڭۈل قويۇپ ئاسراش.



↑ چېگرا مۇداپىئەسىدە چارلاش ئېلىپ بېرىش.






← قەيەردە ئاپەت يۈز بەرسە، شۇ يەردە ھازىر بولۇش.

سۈرەتتە: بۇ تۇەندىكىلەر جىددىي ھەرىكەتكە كېلىپ، ئاپەتتىن قۇتقۇزۇش ماددىي ئەشيالىرىنى توشۇماقتا.

→ تاڭغا چىقىشتا خەتەرگە يولۇققان چەت ئەل ساياھەتچىلىرى قۇتقۇزۇۋېلىندى.

↓ قاردا قاپسىلىپ قالغان ئامما قۇتقۇزۇشقا كەلگەن ئايروپىلاننى كۆرۈپ، تەنتەنە






↓ قاردا قاپسلىپ قالغان ئاما قۇتقۇزۇشقا كەلگەن ئايروپىلاننى كۆرۈپ، تەنتەنە قىلماقتا.

↓ قاردا قاپسلىپ قالغان ھەر مىللەت ئاممىسى قۇتقۇزۇۋېلىندى.







ئەسكەرلەر ← ئايروپىلاننى كۆز قارىچۇقىنى ئاسرىغاندەك ئاسرايدۇ.



↓ كوماندىر - جەڭچىلەر قاتتىق سوغۇقتا قارىماي جەڭ بۇركۈتىگە مۇھاپىزەت كىيىمىنى كىيدۈرۈپ قويدى.





↑ بۇ تۈمەن كوماندىر - جەڭچىلەرنى قوراللاندۇرۇشتا چىڭ تۇرۇپ، مۇستەھكەم توغرا سىياسىي يۆنىلىش ئارقىلىق ئاۋئاتسىيە يۆنىلىشى ۋە كىشىلىك ھايات يۆنىلىشىنى ئىگىلىدى.

سۈرەتتە: سىياسىي كومىسسار جىن كېجۇن مەشىق مەيدانىغا بېرىپ، كوماندىر - جەڭچىلەرگە ئىدىيىۋى خىزمەت ئىشلىمەكتە.

ماقالىنى قىسمىدا تۈرۈشلۈق مۇخبىرىمىز **لياڭ يۈلى**، ئۆز مۇخبىرىمىز **خاۋخۇڭ** يازغان

سۈرەتلەرنى **جاڭ شياۋبو، لياڭ شياۋگۇاڭ، دەي تيەنرۇڭ، جاڭ شىجاۋلار** تارتقان

